## 21589 ـ هامىلدار ئايالنىڭ روزا تۇتۇشى توغرىسىدا

### سۇئال

هامىلدار ئايالنىڭ رامزان ئېيىدا ۋە ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتۇشى ۋاجىپ بولامدۇ؟، ئايالىم  ئۆزى ئاجىز، هامىلدار ۋە بۇ جەرياندا قان يېتىشمەسلىك مەسىلىسى بار ئىدى، ئۇنىڭغا: رامىزان ئېيىدا روزا تۇتماسلىقنى تەۋسىيە قىلدىم، لېكىن ئۇ ئۇنىمىدى، رامزاننىڭ ئاخىرىدا ئۈچ ئايلىق بولغىلى تۇرغان هامىلىسى چۈشۈپ كەتتى، ئايالىمنىڭ رامزاندا روزا تۇتمىغان كۈنلىرىنىڭ هۆكمى قانداق بولىدۇ؟،  يېڭى رامىزان ئېيى كېلىشتىن بۇرۇن تۇتالمىغان كۈنلىرىنىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى  قىلىشى ۋاجىپ بولامدۇ؟. هامىلدارمۇ ئادەتتىكىدەك روزا تۇتۇشى كېرەكمۇ؟، ئايالىم هامىلدارلىق جەرياندا دائىم روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، بۇنىڭغا دوختۇرنىڭ: هامىلدارلىق جەرياندا روزا تۇتسا بۇنىڭ تۆرەلمىگە زىيىنى بولمايدۇ، بەلكى تۆرەلمىگە ياردىمى بولىدۇ دېگەن سۆزىنى ئىسپات قىلىدۇ؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇ سوئال تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى: هامىلدار ئايالنىڭ رامزاندا روزا تۇتماسلىقنىڭ هۆكمى.

ئىككىنچى: رامزاندا تۆرەلمە چۈشۈپ كەتسە نېمە ئىشلارغا دىققەت قىلىش.

ئۈچىنچى: رامزاندىن كېيىن تۇتالمىغان روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشنىڭ هۆكمى قاتارلىقلار.

ـ هامىلدار ئايالغا نىسبەتەن: ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قارىشىدا ئەگەر روزا تۇتسا ئۆزىگە ياكى تۆرەلمىگە زەرەر يېتىدۇ دەپ قارىسا روزا تۇتمىسا بولىدۇ. ئەمما روزا تۇتسا ئۆزى ياكى تۆرەلمە خەۋپكە ئۇچرايدىغان بولسا ئۇ ۋاقىتتا روزا تۇتماسلىقى ۋاجىپ بولىدۇ. تۇتالمىغان كۈنلەردىكى روزىنىڭ قازاسىنى كېيىن قىلىدۇ، پىدىيە كەتمەيدۇ. بۇ مەسىلىدە پىقھى ئالىملىرىنىڭ هەممىسى ئىتتىپاقتا كەلگەندۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَلَا تَقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ تەرجىمىسى: «سىلەر ئۆزۈڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار». يەنە بىر ئايەتتە: وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ تەرجىمىسى: «ئۆزۈڭلارنى هالاكەتكە تاشلىماڭلار». بۇنداق هالەتتە پىدىيە ۋاجىپ بولمايدىغانلىقىغا ئىتتىپاقتا كەلدى، چۈنكى هامىلدار ئايال بۇنداق هالەتتە ئۆزىدىن ئەنسىرەۋاتقان

كېسەلنىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

ئەمما ھامىلدار ئايال ئۆزىدىن ئەنسىرىمەي تۆرەلمىدىن ئەنسىرىسە، بەزى ئالىملار بۇنداق ھالەتتە روزا تۇتمىسا بولىدۇ، ئۇ ئايال كېيىن تۇتالمىغان روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە پىدىيە بېرىدۇ دەيدۇ، (پىدىيە بولسا، ھەر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە يېمەك بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ توغرىدا ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى چۈشەندۈرۈپ: وَعَلَى الَّذِينَ يُطِيقُونَهُ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ تەرجىمىسى: «روزا تۇتۇشقا تاقەت كەلتۈرەلەيدىغان كىشىلەر روزا تۇتمىسا، ھەر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە يېمەك بېرىدۇ». بۇ ياشانغان بوۋاي-موماي‌لار ئۈچۈن قىلىنغان رۇخسەت بولۇپ، بۇلار روزا تۇتۇشقا تاقەت قىلالايدىغان تۇرۇپ، روزا تۇتمىسا، ھەر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە يېمەك بېرىدۇ، ھامىلدار ۋە بالا ئېمىتىدىغان ئايال‌لارمۇ بالىلىرىدىن ئەنسىرەپ روزا تۇتمىسا ئۇلارمۇ ھەر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە يېمەك بېرىدۇ دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى1947-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ "ئىرۋائۇل غەلىيل" 4-توم 18-بەت 25-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

"پىقھى توپلاملىرى" 16-توم 272-بەتكە قارالسۇن.

يۇقىرىدىكى سۆزلەردىن شۇ ئېنىق بولدىكى، ئايال روزا تۇتۇش بىلەن ئۆزىگە ياكى تۆرەلمىگە قاتتىق زىيان يېتىدىغانلىقى ئېنىق بولىدىكەن، بۇنداق ھالەتتە ئايالغا نىسبەتەن روزا تۇتماسلىق ۋاجىپ بولىدۇ، زىيان يېتىدىغانلىقىنى سۆزىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولىدىغان دوختۇر دېگەن  بولىشى كېرەك.

-بۇ رامزاندا روزا تۇتمىغانلىقىقا ئالاقىدار مەسىلە. ئەمما ئاشۇرا كۈنىگە كەلسەك، بۇ كۈندە روزا تۇتۇش ئالىملارنىڭ بىرلىكى بىلەن ۋاجىپ ئەمەس بەلكى مۇستەھەپتۇر. ئېرى يېنىدا بولغان ئايالنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز نەپلە روزا تۇتۇشى توغرا بولمايدۇ، ئەگەر ئېرى نەپلە روزا تۇتۇشتىن چەكلىسە، ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى لازىم، بولۇپمۇ، تۆرەلمىنىڭ پايدىسىغا ئالاقىدار بولغاندا ئىتائەت قىلىشى زۆرۈر بولىدۇ.

-ئەمما ھامىلىنىڭ چۈشۈپ كېتىش مەسىلىسى: ئەگەر ۋەقەلىك سوئالدا بايان قىلىنغاندەك، ھامىلە ئۈچىنچى ئايدا چۈشۈپ كەتكەن بولسا،  ئۇنىڭدىن كېيىن چىققان قان نىپاسنىڭ قېنى ھېسابلانمايدۇ، بەلكى ئۇ ئىستىھازە-ئاياللار كېسلى-ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئايالدىن چۈشكىنى ئىنسان شەكلى ئېنىق بولمىغان بىر چىشلەم گۆشتىن ئىبارەتتۇر، شۇنىڭغا كۆرە، ئۇ ئايال گەرچە قاننى كۆرۈپ تۇرسىمۇ نامازنى ئادا قىلىدۇ، روزىنى تۇتىدۇ، لېكىن ھەر ناماز ئۈچۈن يېڭىدىن تاھارەت ئالىدۇ، رامزاندا روزا تۇتمىغان كۈنلەرنىڭ ۋە ئادا قىلمىغان نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات ۋە دىنى تەشۋىقات پەتىۋا كومىتېتى  پەتىۋالىرى 10-توم 218-بەتكە قارالسۇن.

-رامزاندا روزا تۇتالمىغان كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش مەسىلىسىدە: رامزاندا روزا تۇتالمىغان كۈنلەرنىڭ قازاسىنى ئەڭ ئاخىرى شەبان ئېيىغىچە كېچىكتۈرۈپ يەنە بىر رامىزان كېلىشتىن بۇرۇن تاماملايدۇ، ئەگەر روزىنىڭ قازاسىنى قىلماي يەنە بىر

رامىزان كېرىپ قالسا، ئۆزۈرسىز تۇرۇپ قازاسىنى قىلمىغان بولسا، ئىككىنچى رامىزاندىن كېيىن ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە ھەر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە يېمەك بېرىش ئارقىلىق پىدىيە بېرىدۇ. بىر قىسىم ساھابىلارمۇ مۇشۇنداق پەتىۋا بەرگەن.

پىدىيە بېرىدىغان يېمەكلىكنىڭ مىقدارى: ئۆزى ياشاۋاتقان شەھەرنىڭ يېمەكلىرىدىن بىر يېرىم كىلو ئەتراپىدا بېرىدۇ، ھەر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن شۇنداق بېرىدۇ، ھەممە كۈننى ھېسابلاپ ئۇنىڭ پىدىيىسىنى بىر مىسكىنگە بەرسىمۇ بولىدۇ، ئەمما رامزاننىڭ قازا روزىسىنى كېسەللىك ياكى سەپەر قاتارلىق ئۆزۈر سەۋەبىدىن ئادا قىلالمىغان بولسا، ئۇ كىشىگە پەقەت تۇتالمىغان كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولىدۇ. پىدىيە ئۈچۈن يېمەك بەرمەيدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: أَفَمَن كَانَ مِنكُم مَّرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ تەرجىمىسى: «كېسەل بولۇپ قالغان ياكى سەپەر بولغان كىشى روزا تۇتالمىغان كۈنلەرنىڭ ئورنىغا كېيىن قازاسىنى قىلىدۇ».  [سۈرە بەقەرە 184-ئايەت]. پەزىلەتلىك شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالىرى 15-توم 340-بەت.

ئاللاھ تائالا توغرىنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن.